# شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى

جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن بۇنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە سەمىمىي سالام يوللايمەن!

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم ئىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم سېپى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان تۈركۈم ـ تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى، تۈركۈم ـ تۈركۈم نادىر بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك بولۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى، ئەدەبىيات، تىياتىر، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق، ئەلنەغمە، سېرك، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر، سەنئەتكارلارنى چاقىرماقتا. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايراقنى كۆتۈرۈش، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىش بۇرچى، ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق زىممىسىگە ئېلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ـ يېتەكلەش، ئالاقىلىشىش ـ ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، تەلەپچان بولۇش ـ ھوقۇق قوغداش فۇنكسىيەسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋرنى خاتىرىلەپ، يېڭى دەۋرنى يېزىپ، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەپ، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، مىللەتكە يۈز كېلەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شى جىنپىڭ**

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋرنى خاتىرىلەش، يېڭى دەۋرنى يېزىش، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم ئىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مۇھىم سېپى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىگە پائال ئاتلىنىپ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان تۈركۈم ـ تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلدى، تۈركۈم ـ تۈركۈم نادىر بەدىئىي ئوبرازلارنى ياراتتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرى خەلق مەركەز قىلىنغان خىزمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىپ، ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك بولۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى، ئەدەبىيات، تىياتىر، كىنو، تېلېۋىزىيە، مۇزىكا، ئۇسسۇل، گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق، ئەلنەغمە، سېرك، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، ئەدەبىي ئوبزور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي روھ ۋە دەۋر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ بېيىپ قۇدرەت تېپىشى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋر كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر، سەنئەتكارلارنى چاقىرماقتا. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، بايراقنى كۆتۈرۈش، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىش بۇرچى، ۋەزىپىسىنى ئاڭلىق زىممىسىگە ئېلىپ، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ـ يېتەكلەش، ئالاقىلىشىش ـ ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش ـ باشقۇرۇش، تەلەپچان بولۇش ـ ھوقۇق قوغداش فۇنكسىيەسىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى دەۋرنى خاتىرىلەپ، يېڭى دەۋرنى يېزىپ، يېڭى دەۋرنى مەدھىيەلەپ، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، مىللەتكە يۈزكېلەلەيدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش، راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش ئۈچۈن، «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش سۆھبەت يىغىنى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىنى ئوقۇدى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەبرىك خېتىدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەتچىلىرىگە بولغان غەمخورلۇقى، چوڭقۇر مۇھەببىتى تولۇق نامايان قىلىندى، تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسلىي مەقسەتنى ھەر ۋاقىت قەلبكە پۈكۈپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا مەنىۋى بايراقنى كۆتۈرۈپ، دەۋر روھىنى تاۋلاپ، ساپ قەلبنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، كەيپىياتنى يېتەكلەشكە باشلامچىلىق قىلىپ، جۇڭگو روھى ۋە جۇڭگو كۈچىنى نامايان قىلىدىغان تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەر ئارقىلىق دەۋرگە جاۋاب قايتۇرۇش، خەلققە بېغىشلاش كېرەك.

جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشىلەر ۋە يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلدى.

جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تەڭلا 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قۇرۇلغان. جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 56 كوللېكتىپ ئەزادىن تەركىب تاپقان، ھازىر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك شەخسىي ئەزاسىدىن 135 مىڭ كىشى بار. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسىدىن 46سى، شەخسىي ئەزاسىدىن 12 مىڭ كىشى بار.

# 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئومۇميۈزلۈك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، دەل جايىدا شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش، ئۇزاققىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي ـ ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن كۈچ قوشۇش كېرەك.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، يېڭى بىر نۆۋەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە سېلىنغان مەبلەغنىڭ زورلۇقى، قاتناشقان خادىملارنىڭ كۆپلۈكى، قاپلىغان ساھەلىرىنىڭ كەڭلىكى مىسلىسىز بولۇپ، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قىياپىتىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى زور دەرىجىدە چېنىقتۇرۇپ، پارتىيە ۋە ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكىنى زور دەرىجىدە نامايان قىلدى. نەتىجىلەر ئاسان قولغا كەلمىدى، تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ.

ۋاڭ ياڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، شىنجاڭ خىزمىتىمۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە جەزمەن تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭغا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، دەل جايىدا تاللاپ ئەۋەتىش، ئىلمىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئەمەلىي ئالغا سىلجىتىپ، نىشانلىق ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ خاس كەسىپ، يېشىل كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشىگە ياردەم بېرىپ، بىڭتۈەننىڭ جەنۇبقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنىڭ كەسىپ تىرىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى كېڭەيتىشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەبلەغ تۈرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال مەنپەئەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۆپرەك بېرىش ـ كېلىش قىلىشىنى قوللاپ، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئارىلىشىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. شىنجاڭغا مەدەنىيەت، مائارىپ ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىنى بەرپا قىلىش كېرەك. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى كادىرلارنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش سۇپىسى قىلىپ، تەكشۈرۈش، باھالاش ـ باھا بېرىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ھەققىي ھېسسىياتى بىلەن ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغانلارنى غەيرەتكە، سەھنىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

يۈ ۋۇ جۇڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم خۇلاسە سۆزى قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى ۋەزىيىتى توغرىسىدىكى ھۆكۈمگە بىرلىككە كەلتۈرۈشى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ياخشى ماسلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئىنچىكە، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

چېن چۈەنگو، باتېر يىغىنغا قاتناشتى. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر، مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقلار ۋە ئورۇنلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ھەم ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، شىدىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايون، بىڭتۈەن، مائارىپ مىنىستىرلىقى، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى ۋە بېيجىڭ، شاڭخەي، گۇاڭدۇڭ، جېجياڭ، شەندوڭ، خۇبېي، خېنەن قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىكى مەسئۇل يولداشلار يىغىندا سۆز قىلدى.

خوتەندىكى مەزگىلدە، ۋاڭ ياڭ يەنە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئالاقىدار ئورۇن ۋە كارخانىلارنى تەكشۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنى يوقلىدى.

(بېشى 2 ـ بەتتە)

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئەمەلىي ئىشلەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشگە تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقىنى ۋە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھەققىي ھېس قىلدۇرۇش كېرەك.

7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنۇلار تەكىتلەندى: كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، دەل جايىدا تاللاپ ئەۋەتىش، ئىلمىي ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، رولىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئىشلىرى ھەيئىتى لى شياۋشىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كادىرلارنى تاللاپ ئەۋەتىشتىكى فۇنكسىيەلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلەيدۇ. «مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بۇنىڭدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئەۋەتىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە پىلانلاشقا ئاساس سالدى. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ ۋە ھەرقايسى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، مەركەزنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى قاتارلىق ئورۇنلىرى بىلەن يەنىمۇ ئۇدۇللىشىپ، مەۋقەنى ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ ئېھتىياجىغا قويۇپ، نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان تەرەپنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلارنى دەل جايىدا تاللاپ ئەۋەتىمىز».

ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تاڭ تاۋ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش تۈزۈمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىشى، ئىختىساسلىقلارنى قالدۇرۇپ قېلىشىغا ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلەيمىز.

«شېنجېن ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جاي قەشقەر شەھىرى بىلەن تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا مائارىپقا كۈچەپ، جەمئىي 2 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، يەسلىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپكىچە، ئۆل مائارىپتىن ئالىي مائارىپقىچە، ئادەتتىكى مائارىپتىن كەسپىي مائارىپقىچە بولغان تولۇق زەنجىرسىمان مائارىپ ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.» شېنجېن شەھىرى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى چېن بياۋ مۇنداق بىلدۈردى: شىنجاڭغا مائارىپ ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، مائارىپتا «ئۆمەك تەشكىللەش شەكلى»دىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە تۈرتكە بولۇپ، مەكتەپكە كىرىشتىن ئاۋۋالقى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ باسقۇچىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپ، «ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلاردىكى ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «قان بېرىش» بىلەن «قان ئىشلەش»نى ئىككى تەرەپتىن تەڭ تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

«مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى.»

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى خې يۇ مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن، بىز مول، كۆپ خىل سەيياره ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇنى قويۇش، كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى كۆرسىتىش، ھۆسنخەت ـ رەسىم سەنئىتى، تەنتەربىيە، ساياھەت قاتارلىق قوش يۆنىلىشلىك ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق، گۇاڭدۇڭ، شىنجاڭ ئىككى جايدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

## ■ قول تۇتۇشۇپ شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتىش

يىغىن مەزگىلىدە، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئېتىز باشلىرىغا، زاۋۇت ـ سېخلارغا بېرىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما بىلەن شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلاشتى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇنداق بىلدۈردى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پەقەت بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، چوقۇم شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ئەتىسىنى يارىتالايمىز.

زىيارەت قىلغان، ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر شىنجاڭنىڭ يېزىلىرىدا ئەڭ چىرايلىق ئىمارەتنىڭ يەسلى ۋە مەكتەپ ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئالدىراش جاينىڭ ئىشىك ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلاشقىلى بولىدىغان كەنت قۇرۇغان كارخانىلار ئىكەنلىكىنى، ئەڭ ئۇيۇشۇش كۈچىگە ئىگە بولغىنىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى تاڭ چېڭپېي ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى كۈندە شىنجاڭ تۇپرىقىنىڭ ھەممىلا جايى ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولۇپتۇ. شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئىشەنچىمىز تولۇپ تاشتى».

شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو دۆلەت تۆمۈريول گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى خۇاڭ مىن كېيىنكى قەدەمدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى تەسەۋۋۇرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭغا تۆمۈريول ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان تۆمۈريول تورى ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا، شەرقىي قىسىم رايونلارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىش يولىنى بەرپا قىلىش بىللە، شىنجاڭ ئىچىدىكى تۆمۈريول تورىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونىنىڭ قاتناش تۈگۈنى مەركىزى بولۇشقا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىمىز».

«شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىدە مەۋقەنى ھازىرغا قويۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى كەلگۈسىنى كۆزلەش كېرەك.» جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى سۈن جۈشىڭ مۇنداق قارىدى: تۆھپىدە مەن بولمىساممۇ بولىدۇ دېگەننى باشتىن ـ ئاخىر ئەستە چىڭ ساقلاپ، چىدامىلىق بىلەن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھەققىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپ، سىجىل كۈچەپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، تىرىشىپ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىشلەيمىز.

«ھەرىكەت سۆزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە بىز دۆلەتنىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى، نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن خىزمەتلەرنى جىپسىلاشتۇرۇشنى پائال ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ئىشلەشكە، ئىنچىكە ئىشلەشكە، پۇختا ئىشلەشكە تىرىشىمىز.» ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قادەن كابەن مۇنداق بىلدۈردى: نۆۋەتتە ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە جىلىن ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى بىلەن ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قار ـ مۇز كەسپى ئىستراتېگىيەلىك تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئورتاق تەتقىق قىلىپ تۈزۈۋاتىدۇ، ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، «قارلىق، مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق»نى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

«يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيانقى شىنجاڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ھەممىگە ئايان، بۇ خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەردە مېنىڭمۇ ئەجرىم بولغانلىقىدىن ناھايىتى شەرەپ ھېس قىلىمەن. شۇڭا ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر، مەركەزدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، تارماقلار ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى بارغانسېرى گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز» دېدى لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ جۈنشېڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)